دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ زومىگەرلىك قىلمىشىنى ئېنىق تونۇپ يېتەيلى

☐ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى  قۇربانجان نەيىم

شۇ جاي ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى بۇرمىلاپ ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، ئوچۇق ـ ئاشكارا زومىگەرلىك قىلمىشى. ئۇيغۇر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

ئامېرىكا تەرەپ «قانۇن لايىھەسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىشتا شۇنچىلىك قىزىقتى، بۇ قىپيالىڭاچ، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشقانلىق، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇنغانلىق. ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇ قىلمىشى ئۇنىڭ يامان غەرەزدە ئىغۋا تارقىتىدىغان، نومۇسسىزلارچە بىمەنە زومىگەرلىك قىلىدىغان قىلمىشىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى، جۇڭگونى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل غەرىزىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايدى. ئامېرىكا تەرەپ ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە غالجىرلىق بىلەن بوھتان چاپلىدى، ھۇجۇم قىلدى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسلا باشقا دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھەققىي كۆڭۈل بۆلگەنلىك بولماستىن، ماھىيەتتە «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولغانلىق، يەل بەرگەنلىك.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋە 7 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلقئارا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشى باش تېما قىلىنغان ئىنگلىزچە ئىككى ھۆججەتلىك فىلىم «جۇڭگو شىنجاڭ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپى» ۋە «پەردە ئارقىسىدىكى قارا قول ـــ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى› ۋە شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشى»نى كۆرسەتتى، ھۆججەتلىك فىلىمدە زوراۋانلىق، تېررورىزم ۋە دىنىي ئەسەبىزمنىڭ شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن ئازابى ئاز كۆرۈلىدىغان كەڭ دائىرىدە، ھەرقايسى تەرەپتىن سىرتقا نامايان قىلىندى، بۇ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى كۆرۈرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. لېكىن چەت ئەللىك تورداشلارنىڭ قىزغىن مۇنازىرە قىلغىنى بىلەن كۈچلۈك تەتۈر پەرق شەكىللەندۈرگىنى شۇكى، «شىنجاڭ مەسىلىسى»گە ئىنچىل كۆز تىكىپ كەلگەن غەرب ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرى بۇ ھەقتە خەۋەر بەرمەي، كوللېكتىپ زۇۋان سۈرمەسلىكنى تاللىدى. بۇ ئەجەبا، شىنجاڭنى خەۋەر قىلىشتا، غەربتىكى بىر قىسىم تاراتقۇلارنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيەسى بىلەن ئەمەس، بەلكى تاللاش خاراكتېرىدە خەۋەر قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ. لېكىن، مەيلى غەرب تاراتقۇلىرى خەۋەر قىلسۇن ياكى خەۋەر قىلمىسۇن، شىنجاڭ توغرىسىدىكى پاكىت ۋە ھەقىقىي ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە، پولاتتەك پاكىتلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ. خۇددى قارا بۇلۇت ھامان قۇياشنى توسۇۋالالمىغاندەك، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ھامان ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ.

ھازىر شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلدى، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا، شىنجاڭ كۈتۈۋالغان ساياھەتچىلەر سانى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن، ساياھەتچىلىك كىرىمى 300 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن بىردەك 40%تىن كۆپرەك ئاشتى، مۇقىملىق قويۇپ بەرگەن پايدا كىشىلەرنىڭ مۇقىم بەختىنىڭ تىرىكى بولدى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرى ھەم شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭنى قوللاش ۋە ياردەم بېرىش سالمىقى ئۈزلۈكسىز زورايدى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالاھىدە قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈندى. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھازىر، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.91%كە يەتتى؛ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئارقىلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش جەھەتتە، ھەر يىلى ئىچكىرى رايونلارنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى نورمال كۆپەيگەندىن سىرت، مەركەز شىنجاڭ ئۈچۈن ئالاھىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا مەخسۇس تۈر بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭدىكى باللارنى ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ تېخىمۇ ياخشى تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى قاتارلىقلار، مۇشۇنداق سىياسەت جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىش دۆلەت ئىچىدىلا ئەمەس ئېھتىمال دۇنيا دائىرىسىدىمۇ ئاز كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

تارىخنىڭ چاقى توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، لېكىن ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۇرتىنى قىزغىن سۆيۈش، يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش جۇشقۇن ھېسسىياتىنى توسۇپ قالالمايدۇ، ھەرقانداق ئەيىبلەش، توسقۇنلۇق قىلىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، ۋەتەنگە تەلپۈنۈش ئىرادىسىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، ھەرقانداق ئارىلىشىش، ئىغۋاگەرچىلىك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ. جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، جۇڭخۇا مىللىتى قانچىكى قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا ئۇچرىغانسېرى، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى شۇنچە زورايغان. ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل غەرىزى ۋە جىنايى سۈيىقەستىگە قارىتا، بىز كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ئىشەنچىسى، ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، «كۆرمىگىلى جاپا ـ مۇشەققەت، زەربىلەرگە ئەگمىدۇق باش، سوقسىمۇ بوران ـ چاپقۇن، ھېلىھەم تۇرىدۇق مانا ياپىياش» دېگەندەك مۇستەھكەم تۇرۇپ، شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل، باي قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، خەلقنى تېخىمۇ بەختلىك، تىنچ تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشكە تەربىيەلەيمىز، يېتەكلەيمىز.

# تۆھمەت قىلىش، قارا چاپلاش شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ گۈزەل، بەختلىك ئىكەنلىكىدەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ

☐ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئارشاڭ ناھىيەلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، ئارشاڭ ناھىيەسىنىڭ بۆگدۆر بازىرىدىكى ئىتتىپاق مەسچىتىنىڭ ئىمامى  ئەلجان ئابدۇكېرەم

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئىنتايىن زور زىيان يەتكۈزدى. دىن ساھەسىدىكى زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامېرىكا تەرەپنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە قارىتا ئىنتايىن غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى، ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، «ئۈچ خىل كۈچ» ئىنتايىن غالجىرلىشىپ، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى سادىر قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر زىيانكەشلىك قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار تاللاشچان كور بولۇۋالدى؛ ھازىر شىنجاڭ مۇقىم بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئەكسىچە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى، ئەجەبا مانا بۇ ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق»مۇ؟ مېنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەم يۇقىرى بولمىسىمۇ، بۇ داۋالىنى چۈشىنىمەن، بەلكى ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئەكسىچە كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىدى، قالايمىقان توقۇدى، ئەجەبا بىرنەچچە ۋاراق كېرەكسىز قەغەزگە تايىنىپلا بىزنى ئالدىيالامدۇ؟ پۇقرالارنى بەختلىك، تىنچ تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش، زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى سەرپ قىلىشتىن ئايانماي، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرۈش تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنى ھەقسىز تەربىيەلەپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىتىپ، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، كەسپىي ماھارەت ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىنى تۈگەتتى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يېتىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىگە ئاڭلىق قارشى تۇرىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە پۇقرالىق ئېڭى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى سەۋىيەسىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئۇلار تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە نۇرغۇن تېخنىكا ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەن تېخنىكىسىغا تايىنىپ رازى بولغۇدەك خىزمەت تاپتى، خېلى ياخشى كىرىمى بار بولدى، ئائىلىسىنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتتى، ئۇلار چىن كۆڭلىدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شىنجاڭ قوللانغان بۇ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، بۇ يەردە ياشاۋاتقان پۇقرالار خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، كۆڭۈللىرى بارغانسېرى بەختلىك ئۆتۈۋاتىدۇ. جەمئىيەت مۇقىم بولدى، بىزنىڭ سايرام كۆلى ۋە ئالاتاۋغا كېلىپ ساياھەت قىلىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، پۇقرالارنىڭ كىرىمى بارغانسېرى ئاشتى، چېھرىدىكى كۈلكىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇ دەل ئەڭ ياخشى، ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇقتۇر. ھالبۇكى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى» پاكىتنى بۇرمىلاپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلدى، بۇ پۈتۈنلەي تۈتۈرۇقسىز گەپ قىلغانلىق!

مەن بۇ يامان نىيەتلىك كىشىلەرگە شۇنداق دېمەكچى، شىنجاڭنىڭ ئىشىغا قارىتا، بۇ يەردە ياشاۋاتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىلا ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، سىلەر شىنجاڭغىمۇ كېلىپ باقماي تۇرۇپ، بىر قىسىم ساختا ئاتالمىش دەلىل ـ ئىسپاتلار ئارقىلىق، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغىنىڭلار ھەقىقەتەن ئۈچىغا چىققان كۈلكىلىك ئىش. سىلەرنىڭ ئەسلا بىزنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق»ىمىزغا كەلسە ـ كەلمەس باھا بېرىش ھوقۇقۇڭلار يوق، شۇنداقلا سالاھىيىتىڭلارمۇ يوق! ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى تولۇق كاپالەتلەندۈردى. بۇ بىرقانچە يىلدا، مەسچىتلەر «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، «توققۇزنى سەپلەش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى پاكىز، ئازادە پائالىيەت سورۇنى بىلەن تەمىنلىدى، بولۇپمۇ ھاۋا تەڭشىگۈچ مەسچىتنى قىشتا ئىللىق، يازدا سالقىن قىلىپ، قەلبلەرنى ئىنتايىن ئىللىتتى. كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان بۇ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ھەقىقىي تۈردە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىدىغان ئەلرايى قۇرۇلۇشى، قايسى دۆلەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا ئۈچۈن شۇنچە ئىنچىكە، شۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرەلىگەن؟! مەن پەقەت چۈشەنمىدىم، بۇنداق ياخشى سىياسەتلەر قانداقسىگە سىلەرنىڭ ئاغزىڭلاردىكى ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق» مەسىلىسى بولۇپ قالىدۇ؟ ھەرقانداق بىر ۋىجدانلىق ئادەم ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىيالايدۇ، بەلكى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەن ھالدا «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ باشقا دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشمايدۇ.

مەن ئامېرىكىدىكى بۇ سىياسەتۋازلارغا ئۈنلۈك ئاۋازدا شۇنى ئېيتىمەنكى، سىلەرنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش سۈيىقەستىڭلار جەزمەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ؛ سىلەرنىڭ تۆھمەت قىلىشىڭلار، قارا چاپلىشىڭلار شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ گۈزەل، بەختلىك ئىكەنلىكىدەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك ھەرقانداق خام خىيالىڭلار ئەمەلگە ئاشمايدۇ!

مەن دىن ساھەسىدىكى زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، سىلەردەك ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىنىڭ ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاشتىكى رەزىل غەرىزىڭلارنى ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن، سىلەر قانداق جۆيلۈشىڭلاردىن قەتئىينەزەر، بىز ھەرگىز قالايمىقانلىشىپ كەتمەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەن ھەربىر ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ سىلەرنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا، تۆھمەتلىرىڭلارغا ئىشەنمەيدىغانلىقىغىمۇ قەتئىي ئىشىنىمەن. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما يەنىلا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، قەتئىي تۈردە «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى كۈرەش قىلىپ، تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى ئورتاق قوغداپ، تەستە قولغا كەلگەن تىنچ ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، تىرىشچانلىقىمىز، ئەقىل ـ پاراسىتىمىز ئارقىلىق بىرلىكتە شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز!

# شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا بىز قەتئىي قوشۇلمايمىز

☐ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سايباغ رايونىدىكى تىنچلىق مەسچىتىنىڭ ئىمامى  تاشتۆمۈر قادىر

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا پىسەنت قىلماي، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىدى. بۇ، تىپىك ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىق، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈگەنلىك، ئۈچىغا چىققان زومىگەرلىك، مەقسىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، بىزنىڭ تەستە قولغا كەلگەن گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش.

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان، ئىلگىرى شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزلۈكسىز يۈزبېرىش مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرگەن، ھازىر جەمئىيەت مۇقىم، خەلق بەختلىك بولغان مەزگىلنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىمەن، شىنجاڭنىڭ كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلىش، زور گۈللىنىش مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىمەن. مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى ئالقىشلايمەن، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى، خاتىرجەملىكىنى قوغداش ھەرىكىتىنى ئالقىشلايمەن. ئاشۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى كۆپ يۈزبەرگەن، ئۈزلۈكسىز يۈزبەرگەن مەزگىلنى ئەسلىسەم، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر دىن تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ئەسەبىي ئىدىيە تارقىتىپ، ياشلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى سادىر قىلىشقا قۇتراتقان، ئازدۇرغان، كۈشكۈرتكەندى. ئۇ چاغدا كىشىلەر سىرتقا چىققاندا، ئۆيدىكىلەر بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش، ئادەم كۆپ جايغا بارماسلىق، بالدۇرراق قايتىپ كېلىش قاتارلىقلارنى تاپىلايتتى. ھازىر بىزنىڭ شىنجاڭ ئىلگىرىكى ئاشۇ مەزگىلدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، جەمئىيەت تىنچ بولدى، ھەممىلا يەردە خۇشال ناخشا، كۈلكە سادالىرى ياڭراۋاتقان، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان مەنزىرە بارلىققا كەلدى. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىپ، كۈلكە ـ چاقچاق قىلىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتۈۋاتقان مەنزىرىنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىدۇ. كۆپچىلىك بىللە پاراڭلاشقاندا ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن بىخەتەر ئىكەنلىكى، سىرتقا چىقىشتىن ئەنسىرىمەيدىغانلىقىنى ئەڭ كۆپ تىلغا ئالىدىغان بولدى، كۆپچىلىكنىڭ ئويلايدىغىنى، ئارزۇ قىلىدىغىنى بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ مۇقىم، مەڭگۈ تىنچ بولۇشىدۇر. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كونا شەھەر رايونلىرى ئۆزگەرتىلىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول دەۋرىگە قەدەم قويدى، بارغانسېرى كۆپلىگەن ھەر مىللەت ئامما ماڭا ئوخشاش شىنجاڭدىكى يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى كەيپىياتنى بىۋاسىتە ھېس قىلماقتا. كۆپچىلىك ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ قوشماقتا.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئويدۇرۇپ چىققان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»گە قارىتا، مەن بۇ سىياسەتۋازلاردىن سوراپ باقاي، سىلەر نېمىگە ئاساسەن بۇنداق قىلىسىلەر؟ سىلەر نېمىشقا بۇنداق قىلىسىلەر؟ ئەجەبا، سىلەرنىڭ ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق» دېگىنىڭلار ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بوھتان چاپلاشمۇ؟ كەينى ـ كەينىدىن يالغان سۆزلەپ، بىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىز ۋە ھېسسىياتىمىزغا زىيان يەتكۈزۈشمۇ؟ پاكىتنى بۇرمىلاپ، بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش قەدىمىگە توسقۇنلۇق قىلىشمۇ؟ دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن قەتئىي قوشۇلمايمەن. بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قوشۇلمايدۇ. مەن ۋە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ دىن ساھەسىدىكى زاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز، باشلامچىلىق بىلەن دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا رىئايە قىلىمىز، باشلامچىلىق بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىمىز، باشلامچىلىق بىلەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىگە رەددىيە بېرىمىز، ئامېرىكا تەرەپنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش سۈيىقەستىنى پاش قىلىمىز، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، زوراۋانلىق، تېررورلۇققا زەربە بېرىدىغان، ۋەتەننىڭ تىنچلىقىنى قوغدايدىغان پولات ئىستىھكام قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىمىز.

بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى ئىش تېرىمايدۇ، بىراق ئىشتىن ھەرگىزمۇ قورقمايدۇ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. جۇڭگودىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى، ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۈيىقەست جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ، جەزمەن تارىخنىڭ كۈلكە دەستىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.